小汤姆系列

تام ھەققىدە ھېكايىلەر

维汉对照

# تامنىڭ يېقىن ئادىشى

# 汤姆最好的朋友



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本书根据海燕出版社2008年5月第1版，2013年8月第10次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئەمەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: شەرۋانەم ئابلىكىم
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەمرۇللا ئەنۋەر
مەسئۇل كوررېكتورى: رىزۋانگۈل ئابلەت

تام ھەققىدە ھېكايىلەر

# تامنىڭ يېقىن ئادىشى


| | |
|---|---|
| تەرجىمە قىلغۇچى: | نۇرمەمەتجان ئىسلام |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 0998 - 2653927 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | شىنجاڭ يېبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى |
| فورماتى: | 1194 × 889 م م 1/24 |
| باسما تاۋىقى: | 1 |
| نەشرى: | 2015 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2015 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى |
| باھاسى: | 6.50 يۈەن |

# تامنىڭ يېقىن ئادىشى

# 汤姆最好的朋友

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمەمەتجان ئىسلام



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ۋاڭ ۋاڭ مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىشىم. بۈگۈن مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن ئوينايمەن، يەنە تېخى قونۇپمۇ قالىمەن. شۇڭا، ئۇخلاش كىيىمىم، چىش چوتكام ۋە ئەڭ ئامراق ئويۇنچۇقۇمنى ئېلىپ كەلدىم.

— قارشى ئالىمىز، سۆيۈملۈك تام، — دېدى ۋاڭ ۋاڭنىڭ ئانىسى ماڭا.

旺旺是我最好的朋友。今天，我要在他家玩一天，还要留下来过夜呢。我带来了睡衣、牙刷和我最喜欢的玩具。旺旺妈妈对我说：“欢迎你，亲爱的汤姆。”



ۋاڭ ۋاڭ مېنى ھوجىرىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ بىرمۇنچە نىقابلارنى يىغىۋاپتۇ، نىقابلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن. ۋاڭ ۋاڭ بەئەينى تېلېۋىزورلاردىكى چولپانلاردەك ئۇسسۇل ئويناپتى، ئۇ ھەقىقەتەن بەك قالتىسكەن!

旺旺把我领到他的房间。他收藏了好多面具。那些面具帅极了。旺旺像电视里的明星一样跳舞，他真的太棒了！



— باللىرىم، بۇياققا كېلىپ پېچىنە يەڭلار!
بىز ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىردۇق. ۋاڭ ۋاڭنىڭ ئانىسى ماڭا:
— ئافرىقا قوتۇرمىچى يېگۈڭ بارمۇ؟ ئەگەر خۇشۇڭ بولمىسا، يېمىسەڭمۇ مەيلى. چۈنكى، ھەر-
قانداق كىشىنىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىسى بولىدۇ، — دېدى.

“孩子们，来吃点心啦！”我们跑进厨房。旺旺妈妈对我说：“你喜欢吃非洲烤饼吗？如果不喜欢，可以不吃。在生活中，每个人不是什么都喜欢吃的。”



قوتۇرماچ ئىنتايىن مەززىلىك ھەم يېيىشلىك ئىكەن.

— ئاۋۇ نېمە؟ — مەن تامغا ئېسىقلىق نەرسىنى كۆرسىتىپ پەس ئاۋازدا سورىدىم، ئۇنى پەقەت كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

— ھە، قاپاقنى دەۋاتامسەن، — دېدى ۋاڭ ۋاڭنىڭ ئانىسى، — قاپاق دېگىنىمىز بىر خىل ئۆسۈملۈك، بۇنى قاپاقتا ياسىغان.

烤饼很香，很好吃。“那是什么？”我指着墙上挂着的一个从来没见过的东西，小声问。“啊，你看到的是葫芦。”旺旺妈妈说，“葫芦是一种植物，这是用葫芦壳做的。”



— ھەي تام، تېز كېلىپ قارىغىنە، بۇ دادامنىڭ چالغۇسى! — دېدى ۋاڭ ۋاڭ، — بۇ ئافرىقا دۇمبىقى. چو-
ڭىنى دادام چالىدۇ، كىچىكىنى بىز ئوينايمىز.

“哎，汤姆，快来看我爸爸的乐器！”旺旺对我说，“这是非洲的达姆达姆鼓。大的是爸爸用的，小的是我们玩的。”



— بۇ كسىلوفون، — دېدى ۋاڭ ۋاڭ يەنە.

نېمىدېگەن سىرلىق ئاۋاز بۇ، بەك يېقىملىقكەن! ۋاڭ ۋاڭ كسىلوفون چېلىپ ناخشا ئېيتتى.

— لېكىن، ئېيتقان ناخشاڭنى ئازراقمۇ چۈشەنمىدىم! — دېدىمەن.

— بۇ لىنگالا تىلى، — دېدى ۋاڭ ۋاڭ چۈشەندۈرۈپ، — «سەن مېنىڭ ئادىشىم» دېگەن ناخشىنى ئېيتتىم.

“这是把拉丰木琴。”旺旺又说。多么奇妙的声音呀，真好听！旺旺一边弹琴，一边唱歌。“可是，你唱的我一点都听不懂！”我说。“这是林加拉语，”旺旺给我解释，“我唱的是《你是我的朋友》。”



مەن كسىلوفوننى ئاجايىپ ياقتۇرۇپ قالدىم. مەن ئوينا - ئوينا …… ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن.

我太喜欢把拉丰木琴了！我玩呀，玩呀……忘记了周围的一切。



مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، تۇيۇقسىز ئالدىمدا بىر ئالۋاستىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن قات-
تىق قورقتۇم ـ دە، بەدەر تىكىۋەتتىم. يۈگۈرگەچ «قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دەپ توۋلىدىم.

我抬起头,突然看到面前站着一个魔鬼。我害怕极了,拔腿就跑,边跑边叫:“救命呀!”



— ئانا، مەن نىقابنى تاقاپ تامنى قورقۇتۇۋەتتىم.

— ئادىششىڭنى قورقۇتقىنىڭ ياخشى بولماپتۇ.

— لېكىن، تاممۇ بەكلا قورقۇنچاقكەن!

“妈妈，我用面具吓着汤姆了。”“吓你的朋友可不好。”“可是，汤姆的胆子也太小了！”



ۋاڭ ۋاڭ بەك ئاشۇرۇۋەتتى، مەن راستتىنلا خاپا بولدۇم، مەن تېخى ئۇنى ئادىشىم دەپ يۈرۈپتىمەن! ئۇ كۆڭلۈمنى بەكمۇ ئاغرىتتى. ئەمدى نەرسىلىرىمنى ئېلىپ ئۆيۈمگە كېتىمەن.

他太过分了，我真生气，我还把他当朋友呢！他让我太伤心了。我拿起我的行李，我要回家。



— قورقما، تام. نىقابلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇۋەتتىم، — دېدى ۋاڭ ۋاڭنىڭ ئانىسى. ۋاڭ ۋاڭ يەنە يىغىپ ساقلىغان ئويۇنچۇق ھايۋانلارنى چىقاردى.

— بىزنىڭ ئۆيدىمۇ نۇرغۇن ئويۇنچۇق ھايۋانلار بار، مەن سۇ كالىسى بىلەن سىنىڭ پىلىڭنى تېگىشسەم بولامدۇ؟ — دېدىمەن. ۋاڭ ۋاڭ ماقۇل بولدى. مەن يەنىلا ۋاڭ ۋاڭغا ئامراقلىقىمنى ھېس قىلدىم.

“别害怕,汤姆。我把面具都收起来。”旺旺妈妈说。旺旺又拿出他收藏的非洲动物玩具。“我家也有许多动物玩具。我可以用水牛换你的大象吗?”我问道。旺旺点点头。嗯,我还是挺喜欢旺旺的。



شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ۋاڭ ۋاڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى:

— دادا، دادا، ئادىشىم تام كەلدى، تام، بۇ مېنىڭ دادام، ئۇ بىر مۇزىكانت، ھەمىشە سىرتلاردا ئويۇن قو - يۇپ يۈرىدۇ.

— قانداق ئەھۋالىڭ، تام، — دېدى ۋاڭ ۋاڭنىڭ دادىسى، — سەن بىلەن تونۇشقىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

这时，我们听到开门的声音。旺旺跑过去，扑进爸爸怀里："爸爸，爸爸，我的朋友汤姆在我们家呢。""汤姆，这是我爸爸，他是音乐家，总是到处演出。""汤姆，你好。"旺旺爸爸说，"很高兴认识你。"



— دادا، تامغا مۇزىكا چېلىپ بەرگىنە! — دېدى ۋاڭ ۋاڭ. ۋاڭ ۋاڭنىڭ دادىسى دەرھال دۇمباق چېلىشقا باشلىدى. ئۇ دۇمباقنى كۈچەپ چالغاچقا، پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى.

“爸爸，你给汤姆演奏音乐吧！”旺旺说。旺旺爸爸马上开始演奏。鼓的声音好大，震得我浑身颤抖起来。



ۋاڭ ۋاڭنىڭ دادىسى بىر چوڭ ئافرىقا دۇمبىقىنى ئالدىمغا قويۇپ بەردى. مەن ئۇنى دوراپ چالدىم. بەزىدە خاتا چېلىپ قالساممۇ ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمىدىم. ۋاڭ ۋاڭمۇ شاخشۇق چالدى. بىز بەئەينى بىر ئوركېستىرغا ئوخشاپ قالغاندۇق.

旺旺爸爸把一只大大的达姆达姆鼓放在我面前。我学着他的样子打鼓。我老是出错，但我并不灰心。旺旺也玩起了沙槌。我们就像一支真正的乐队！



ئۆي ئىچى تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقىغا تولغانىدى. ۋاڭ ۋاڭنىڭ دادىسى:
— ئەمدى تاماق يەيمىز! ئىككىڭلار قولۇڭلارنى يۇيۇپ كېلىڭلار، — دېدى.
ئۈستەلگە مەن كۆرۈپ باقمىغان سەيلەر تىزىلغانىدى، پەقەت گۈرۈچ ئاشنىلا تونۇيالىدىم.

屋里充满了饭菜的香味。旺旺爸爸说:“嗯,我们马上要开饭了! 你俩先去洗洗手吧。”桌上的那些菜我都不认识,我只认识米饭。



ئۇلار تاماقنى قولىدا يەۋاتىدىغۇ؟ بۇنداق ئىشنى ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقماپتىكەنمەن. ۋاڭ ۋاڭ-
نىڭ ئانىسى ماڭا ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە مۇشۇنداق ئادەتنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئادىتى
بىزنىڭكى بىلەن قارىمۇقارشى ئىكەن، بولۇپمۇ بوۋىلارنىڭ ئۆيىدە قولدا تاماق يېيىشكە قەتئىي يول
قويمايدۇ!

怎么，他们用手抓饭？我从来没见过。旺旺妈妈告诉我，这是他们国家的习俗。和我们家正好相反，尤其是在爷爷家，爷爷不许我们用手抓饭！



ۋاڭ ۋاڭ ماڭا تاماقنى پەقەت بىر قولدىلا يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

旺旺告诉我,只能用一只手抓饭。



مەن ناھايىتى ھۇزۇرلىنىپ يەۋاتاتتىم. بىر چاغدا ئۈماچنىڭ غەلىتە پۇرىقىدىن سەسكىنىپ يۇتالماي قالدىم! ئەمدى نېمە دەرمەن؟ ۋاڭ ۋاڭنىڭ دادىسى خاپا بولۇپ قالارمۇ؟ ئەستا، يىغلىغۇم كې-لىۋاتىدۇ. ۋاڭ ۋاڭنىڭ ئانىسى بۇنى كۆرۈپ ماڭا:

— مانخوت ئۈمىچىنى ياقتۇرمىدىڭمۇ؟ ھېچقىسى يوق، قولۇڭدىكى سالفېتكىغا تۈكۈرۈۋەت-سەڭ بولىدۇ، — دېدى.

我吃得好香。这时我发现面糊有一股奇怪的味道，我咽不下去了！我该怎么说呢？旺旺爸爸会生气吗？哎呀，我想哭了。旺旺妈妈看见了，对我说：“你不喜欢木薯面糊吗？没关系，吐在你的餐巾里吧。”



ئۇخلايدىغان چاغ بولدى، ۋاڭ ۋاڭنىڭ دادىسى بىزگە «گەپ قىلالايدىغان قاپاق» دېگەن ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى، بۇ ھېكايىدىكى قاپاق ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلمايدىكەن، مەن بۇ ھېكايىنى بەك ياقتۇ-رۇپ قالدىم. ئۈچىمىز بەك كۆڭۈللۈك ئولتۇردۇق.

该睡觉了。旺旺爸爸给我们讲了一个故事——《会说话的葫芦》,这个葫芦从来不说谎话。我很喜欢这个故事,我们三个在一起很快乐。



ۋاڭ ۋاڭنىڭ دادىسى ھېكايىنى تۈگىتىپ بىزگە:
— ياخشى چۈش كۆرۈڭلار، — دېدى.
— سىز نېمىشقا بۇنداق قارا؟ — دەپ سورىدىمەن ئۇنىڭدىن.
— چۈنكى، بىزنىڭ دۆلەتتە قۇياش نۇرى بەك كۈچلۈك! — ئۇ مېنى خۇددى دادامدەك سۆيۈپ قويدى.

故事讲完了，旺旺爸爸对我们说晚安。我问他："为什么您的皮肤是黑色的呢？""因为我们的国家，有很多阳光！"他亲了亲我，就像我爸爸亲我一样。



مەن كارىۋاتتا كىچىك ئېيىقىمنى چىڭ قۇچاقلاپ يېتىپ، خېلى بىر ۋاق بولغاندا ئاندىن ئۇخلى-
دىم. يېرىم كېچىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى، ھەتتا ۋاڭ ۋاڭنىمۇ كۆرگىلى
بولمايتتى. «ئانا! ئانام!......» مەن يىغلىدىم. ۋاڭ ۋاڭ ئاتا- ئانىسىنى تۇۋلىغىلى چىقىپ كەتتى.

我躺在床上，紧紧地抱着我的小熊。过了好久，我才睡着。半夜里，我惊醒了，周围一片漆黑，连旺旺都看不见。我哭了，我要妈妈！旺旺去叫他的爸爸妈妈。



ۋاڭ ۋاڭنىڭ دادىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ مېنى گوللىدى. مەن ئۇنى كۆرۈپلا كۈلۈپ كەتتىم. چۈنكى، ئۇ كىيىۋالغان ئۇخلاش كىيىمى بەك كۈلكىلىك ئىكەن. خۇددى بىر يوپكىغا ئوخشايدىكەن! ئۈچىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

旺旺爸爸跑来安慰我。我一看到他就笑起来，因为他穿的睡衣很好笑，好像是条裙子！我们三个都笑了。



ۋاڭ ۋاڭنىڭ دادىسى بىزنى قۇچاقلاپ:

— تام، ئۆيىمىزنىڭ سىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن جايلىرى بار، لېكىن ئاسمانغا قا-
رىغىنە، ئاي ھەممە كىشىلەرگە ئوخشاش نۇر چاچىدۇ! — دېدى.

旺旺爸爸把我们俩抱起来。他说:“汤姆,我们这里同你家有很多不一样的地方,但是,看看天空吧,你看,月亮照耀着所有的人呢!”

**图书在版编目(CIP)数据**

汤姆最好的朋友：维、汉 / (法) 海林编著 ;(法) 巴文绘 ; 梅莉, 萧衮, 努尔买买提·斯拉木译. --喀什：喀什维吾尔文出版社, 2015.2

（小汤姆系列）

ISBN 978-7-5373-3755-7

Ⅰ. ①汤… Ⅱ. ①海… ②巴… ③梅… ④萧… ⑤努… Ⅲ. ①儿童文学-图画故事-法国-现代 Ⅳ. ①I565.85

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第042869号

策　　划：**艤尔肯·艾麦提**
责任编辑：**夏尔瓦娜木·阿布力克木**
美术编辑：**艾木热拉·艾尼瓦尔**
责任校对：**热孜玩古丽·阿布来提**

小汤姆系列 —— **汤姆最好的朋友**

| | |
|---|---|
| 翻　译 | 努尔买买提·斯拉木 |
| 出　版 | 新疆人民出版社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998-2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路14号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 开　本 | 889×1194毫米　1/24 开本 |
| 印　张 | 1 |
| 版　次 | 2015年2月第1版 |
| 印　次 | 2015年2月第1次印刷 |
| 定　价 | 6.50元 |

## ئوقۇش يېتەكچىسى

تام ۋاڭ ۋاڭنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ. ۋاڭ ۋاڭ ئافرىقىدىن كۆچۈپ كەلگەچكە، تام ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە يوق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇچرىتىپ، ئانچە كۆنەلمەپتۇ...... ئوخشىمىغان تۇرمۇش شارائىتىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ تەق - تۇرقى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قارىشى ئوخشىمايدۇ. بالىلار بۇلارنى چۈشىنىشكە تىرىشىشى كېرەك.

خۇددى ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئۆيىمىزنىڭ سىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن جايلىرى بار، لېكىن ئاسمانغا قارىغىنە، ئاي ھەممە كىشىلەرگە ئوخشاش نۇر چاچىدۇ» دېگەن جۈملىدەك بىز گەرچە بىر - بىرىمىزگە ئوخشىمىساقمۇ، يەنىلا بىر ئائىلە كىشىلىرى، شۇڭا ئۆز ئارا چۈشىنىشىمىز، بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئىناق ئۆتۈشىمىز كېرەك.

—— شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بالىلار مائارىپى تەتقىقات ئورنىدىن جۇ جياشيۇڭ، خۇ يىخۇي



ISBN 978-7-5373-3755-7

定价：6.50元